سەبىيلەرگە سوۋغا

1

# ئىككى دەۋاگەر بىلەن ياغ ساتقۇچى



شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

ئىككى دەۋاگەر بىلەن ياغ سانقۇچى ................................ 1
تەمەخور ................................................ 8
مۇشۇك بىلەن چاشقان ................................... 16

# ئىككى دەۋاگەر بىلەن ياغ ساتقۇچى

## چېكىدىن ئاشقان ئەخمەقلىق

بۇرۇن بىر ئورۇق، بىر سېمىز ئىككى ئەخمەق باغۋەن ئۆتكەنىكەن. ئۇلارنىڭ باغلىرى بىر ـ بىرىگە قوشنا بولۇپ، باغلىرىنى بىر كۆلدىن تەڭ سۇغىرىدىكەن. پات ـ پات جېدەللىشىپ قالغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاساسەن ئىناق ئۆتىدىكەن.







ئۇلارنىڭ بىر ھەسەتخور قوشنىسى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئورۇق ئەخمەقنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا: «قوشنام، بېغىڭىزنى قانداق ۋاقىتتا سۇغىرىسىز؟» دەپ سوراپتۇ.

ئەخمەق باغۋەن دەرھال ئۇنىڭغا: «قاچان خالىسام شۇ ۋاقىتتا سۇغىرىمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ھەسەتخور ئۇنىڭدىن يەنە: «قوشنىڭىز قانداق ۋاقىتتا سۇغىرىدۇ؟» دەپ سوراپتۇ.

ئەخمەق باغۋەن: «ئۇمۇ خالىغان ۋاقىتتا سۇغىرىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ھەسەتخور ئۇنىڭغا: «ئۇ سۇنى سىزدىن كۆپرەك ئىشلىتىۋالامدۇ، قانداق؟ قاراڭ! ئۇنىڭ بېغى سىزنىڭكىدىن يېشىلراق تۇرامدۇ؟ ئۇنىڭ مەھسۇلاتىمۇ چوقۇم سىزنىڭكىدىن كۆپ چىقىدۇ» دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ئەخمەق باغۋەن ھەسەتخورنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ كۆڭلى غەش بوپتۇ. ھەسەتخور ئارقىدىنلا سېمىز ئەخمەقنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغىمۇ ئورۇق ئەخمەققە دېگەن سۆزلەرنى دەپ، ئۇنىڭمۇ ئىچىنى قايناتىپتۇ.

ئەخمەق ئادەم قۇلىقى ئاڭلىغان ھەرقانداق سۆزگە ئىشىنىدىكەن. بۇ ئىككى ئەخمەق ھەسەتخور قوشنىسىنىڭ دېگەنلىرىگە ئىشىنىپ، ئۆزئارا تالاش - تارتىش قىلىشىپتۇ.

ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى قارشى تەرەپكە يول قويماسلىققا تىرىشىپتۇ. نۇرغۇن تالاش - تارتىش، بەس - مۇنازىرىدىن كېيىن، ئۇلار كۆلنى قاپ ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلۈپ ئىشلەتمەكچى بوپتۇ. ئۇلار ئۇزۇن بىر ئارغامچا بىلەن كۆلنى ئىككىگە بۆلۈپ، ئاندىن خاتىرجەم ھالدا ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كېتىپتۇ.









ھەسەتخور ئۆز پىلانىنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا يەنە سوغۇقچىلىق سالماقچى بولۇپ مۇنداق دەپتۇ: «سىلەر ئىككىڭلار ناھايىتى ياخشى قىلىپسىلەر، لېكىن شامال چىقىپ، ئارغامچا لىڭشىپ كەتسە، بىرىڭلارغا زۇلۇم بولۇپ قالارمىكىن» ئۇ شۇنداق دەپ سۆزىنى تۈگىتىپلا كېتىپ قاپتۇ.



ئىككى ئەخمەق دوست سۇنى قانداق بۆلۈشۈش توغرىسىدا قايتىدىن ئويلىنىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار ئاخىر يول بويىغا چىقىپ يولۇچىلاردىن مەسلىھەت سوراشقا، چوقۇم تۇنجى قېتىم ئۇچرىغان يولۇچىنىڭ ھۆكۈمىگە رازى بولۇشقا كېلىشىپتۇ.

ئۇلار يول بويىدا بىر ھازا ساقلىغاندىن كېيىن، ئېشىكىگە بىر تۇلۇم ياغ ئارتقان بىر ياغچى ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ. ئۇ ئىككىيلەن ئۇنى توختىتىپ، ئۇنىڭغا بولغان ۋەقەنى باشتىن - ئاخىر سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈم چىقىرىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپتۇ.

ئۇلارنىڭ بۇقەدەر ھاماقەتلىكىنى كۆرگەن ياغچىنىڭ جۇدۇنى ئۆرلەپ، دەرھال يېنىدىن پىچىقىنى چىقىرىپ، ياغ قاچىلانغان تۇلۇمنى ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچە قىلىپ تاشلاپتىكەن. تۇلۇمدىكى ياغ يەرگە تۆكۈلۈپتۇ. ياغچى ئۇلارغا قاراپ: «ئىككىڭ تازا ئۇچىغا چىققان ئەخمەق نېمىلەر ئىكەنسەن. ئەگەر سۆزۈم يالغان بولسا مۇشۇ ياغنىڭ ئورنىدا مېنىڭ قېنىم ئاقسۇن!» دەپتۇ.

ئىككى باغۋەن ھەيرانلىق ئىچىدە ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ: «ھوي، سەن ئەخمەقمۇ ياكى بىزمۇ؟»

# تەمەخور

## يالغان گەپكە ئىشەنگەن يالغانچى

بۇرۇن بەسرە شەھرىدە بىر تەمەخور كىشى ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ تەمەخورلۇقى، ئاچكۆزلۇكى بىلەن خەلق ئارىسىدا مەشھۇر ئىكەن. قەيەردە توي - تۆكۈن، نەزىر -



چىراغ بولسا، ئۇ شۇ يەردە ھازىر ئىكەن. كىشىلەر ئارىسىدا ئۇنىڭ تەمەخورلۇقى ھەققىدە ھەرخىل قىزىقارلىق سۆز - چۆچەكلەر تارقىلىپتۇ.

ئۇ يەقەرگە بارسا، ئۇششاق باللار ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالىدىكەن. ئۇلار ئۇنى ئۇياق - بۇياققا ئىتتىرىپ ئوينايدىكەن. كىيىملىرىنى تارتقۇشلايدىكەن، بېشىدىكى تۇمىقىنى ئېلىۋالىدىكەن. ئۇلار بۇ تەمەخورنى ئاشۇنداق مەسخىرە قىلىشىدىكەن. ئۇمۇ باللارنىڭ بۇ ئىشلىرىغا كۆنۈك ئىكەن.







بىر كۈنى بالىلار ئۇنى يەنە ئورنۇۋېلىپ مەسخىرە قىلىپتۇ. ئۇ ھېچقانداق قىلىپ بالىلاردىن قۇتۇلالماپتۇ. بالىلار كۆپ بولغاچقا، قېچىپ كېتەي دەپمۇ قېچىپ كېتەلمەپتۇ.







ئۇ ئاخىرى باشقىچە بىر ئامال قىلىپ بالىلاردىن قۇتۇلماقچى بولۇپ ئۇلارغا مۇنداق دەپتۇ: «بالىلىرىم، مەن سىلەرگە پايدىلىق بىر سۆز قىلسام ئاڭلامسىلەر؟»

بالىلار ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە قىزىقىپ قاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا قۇلاق سېپتۇ.

ئۇ بالىلارغا قاراپ مۇنداق دەپتۇ: «يۇرتىمىزنىڭ چوڭ بىيىي بوگۇن ئوغلىنىڭ توينى قىلىدىكەن. سىلەر تويغا بېرىپ ئېسىل تاماقلارغا ئېغىز تەگكۈزسەڭلار قانداق؟»

بالىلاردىن بىرى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ: «ئۇنداقتا، سەن نېمە ئۈچۈن ئۆزۈڭ بارمىدىڭ؟ سەن ھېچقانداق توي - مەرىكىسىدىن قالمايتتىڭغۇ؟»

تەمەخور: «مەن بىر دوستۇمنى ساقلاۋاتقان ئىدىم. ئۇ كەلسىلا، سىلەرنىڭ ئارقاڭلاردىن بارىمەن» دەپتۇ.

بالىلار ئۇنىڭ سۆزىنى راست دەپ ئويلاپ، خۇشال - خۇرام ھالدا باينىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇلار ئۇ يەرگە بېرىپ، تەمەخورنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىنى، بۇ يەردە ھېچقانداق توي - مەرىكە بولمىغانلىقىنى بىلىپتۇ ۋە تەمەخوردىن قانداق ئۆچ ئېلىش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىپتۇ.

ئەمدى تەمەخورغا كەلسەك، ئۇ بالىلاردىن قۇتۇلغىنىغا خۇشال بولغان ھالدا يولدا كېتىۋېتىپ بىردىنلا: «ئەگەر راستتىنلا باينىڭ ئۆيىدە توي بولۇپ قالغان بولسىچۇ؟

بالىلارنىڭ تېخىچە قايتىپ كەلمىگەنلىكىدىن قارىغاندا...» دەپ ئويلاپ باينىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ يولدا كېتىۋاتقاچ توي سورۇنىغا قانداق كىرىش ھەققىدە ئويلىنىپتۇ.

ئۇ خىيال بىلەن مېڭىپ باينىڭ ئىشىكى ئالدىغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەپتۇ. قارىسا باينىڭ ئىشىكى تاقاقلىق تۇرغۇدەك. ئۇ ئارقىغا بۇرۇلۇشىغا، تۇيۇقسىز ھېلىقى بالىلار ئۇنى ئورىۋاپتۇ ۋە ئۇنى ئۇياق - بۇياققا ئىتتىرگىنىچە،





ئۇنىڭدىن سوراپتۇ: «سەن بىزگە يالغان ئېيتقان تۇرۇپ، يەنە ئۆزۈڭ نېمىگە كەلدىڭ؟»

تەمەخور مۈنداق دەپتۇ: «مەن سىلەرنى ئالدىغانىدىم، تەمەخورلۇق مېنى ئالدىدى. مانا ئەمدى شۇنىڭ جازاسىنى تارتىۋاتىمەن.»





## مۈشۈك بىلەن چاشقان

قەدىمكى زاماندا، چاشقانلار كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىدە ناھايىتى خاتىرجەم ياشايدىكەن. ئۇلار تام ئارىلىقلىرىدا ئۇۋا تۇتۇپ، ئەركىن يۈرىدىكەن. ئۇلارغا ھېچكىم چېقىلمايدىكەن.

ئۇلار كۈندۈزلىرى ئېسىل يېمەكلىكلەرنى چۈشەپ ئۇخلايدىكەن. كەچتە بولسا

چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەت قىلىدىكەن ۋە ئۆي ئىگىلىرى ئوچۇق قويغان تائاملارغا ھۇجۇم قىلىدىكەن.

گەرچە چاشقانلار ئەقىللىق ھەم ھوشيار بولسىمۇ، لېكىن بىر كۈنى بىر چاشقان دىققەتسىزلىكتىن ئۆي ئىگىسى قۇرۇپ قويغان قاپقانغا چۈشۈپ قاپتۇ.

ھەمراھىغا يەتكەن مۇسىبەتتىن چۆچۈگەن چاشقانلار توپى ئۈنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپتۇ ھەم بۇ ئىشتىن قاتتىق ئىبرەت ئېلىپ، قاپقانلارغا دەسسەپ قېلىشتىن قورقۇپ، تائاملاردىن نېرى تۇرىدىغان بوپتۇ.

بىر كۈنى چاشقانلار ھويلىدا تىرناقلىرى ئۇزۇن ھەم ئۆتكۈر بىر مۈشۈك بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. مۈشۈك ناھايىتى چاققان بولغاچقا، بىر كۈنگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە خېلى كۆپ چاشقانلارنى يوقىتىپتۇ.

17



چاشقانلار مۆشۆكنىڭ ھۆجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مۆشۆكتىن مۇداپىئە قىلىدىغان بىرەر نەرسە ياساش ھەققىدە مەخسۇس يىغىن ئېچىپتۇ.

بىر چاشقان: «بۇ ئۆيدىن كۆچۈپ كېتەيلى، بولمىسا مۆشۆك بىزنى ئاخىر بىر كۈنى يەپ تۈگىتىدۇ. ياكى ئۇۋىمىزدىن چىقالماي ئاچارچىلىقتا ئۆلۈپ تۈگەيمىز!» دەپتۇ.

يەنە بىر چاشقان: «كۈندۈزى مۆشۆك ئۇخلاپ قالغاندا چىقىپ، كېچىسى ئۇۋىمىزغا قايتايلى!» دەپتۇ.





لېكىن، چاشقانلار بۇ پىكىرلەرنى مۇۋاپىق كۆرمەي يەنە ئويلىنىشقا باشلاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كىچىك بىر چاشقان مۇنداق دەپتۇ: «بىز نېمىشقا مۈشۈكنىڭ بوينىغا قوڭغۇراق ئېسىپ قويمايمىز؟ ئاشۇنداق قىلساق، ئۇ ھەرىكەت قىلغان ھامان بىز ئۇنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىپ، ئۆزىمىزنى ئۇنىڭدىن قاچۇرالايمىز ئەمەسمۇ؟»

چاشقانلار ئەملگە ئاشۇرۇش تەس بولغان بۇ پىكىردىن كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ ھەم: «چوڭلار بار يەردە ساڭا نېمە گەپ؟ چوڭلار گەپ قىلغاندا كىچىكلەر جىم تۇرۇشى كېرەك» دەپ، بۇ پىكىرنى رەت قىپتۇ. لېكىن، چاشقانلارنىڭ ئاقساقىلى ئۆزىنىڭ بۇ پىكىرگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.



بىر قىسىم چاشقانلار: «جانابلىرى، بۇنى قانداقمۇ ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولسۇن؟ بىز ھەتتا مۈشۈكتىن ئۇخلاۋاتقان ھالەتتىمۇ قورقىدىغان تۇرساق، قانداقمۇ ئۇنىڭ بوينىغا قوڭغۇراق ئاسالايمىز؟» دەپتۇ.

چوڭ چاشقان: «بۇنى ماڭا قويۇپ بېرىڭلار! مەن بىرقانچە قاۋۇل چاشقانلار بىلەن بۇ ئىشنى پۈتتۈرەي. بۇ كىچىك چاشقانمۇ بىز بىلەن بىرگە بارسۇن!» دەپتۇ.

ئۇلار چىڭقى چۈشتە ئۆينىڭ تىپتىنچ بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. مۈشۈك بۇ چاغدا، «چاشقانلارنى ئۆيدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ» دەپ ئويلاپ خاتىرجەم ئۇخلاپتۇ.





چاشقانلار چاپلىشاڭغۇ ماي قاچىلانغان بىر قاچىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ يەرنى مايلاپ قويۇپتۇ. مۈشۈك چاشقانلارنى سېزىپ قېلىپ دەرھاللا ئۇلارغا ھۇجۇم قىپتۇ.

لېكىن، پۇتلىرى مايغا چاپلىشىپ قالغان مۈشۈك ھېچقانداق ھەرىكەت



قىلالماپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا يەنە بىر توپ چاشقان چىرايلىق شوينا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قوڭغۇراقنى تېزلىك بىلەن مۈشۈكنىڭ دۈمبىسىگە ئېلىپ چىقىپتۇ، كىچىك چاشقان ماھىرلىق بىلەن ئۇنى مۈشۈكنىڭ بويىنىغا باغلاپتۇ.

ماي قۇرۇغاندىن كېيىن مۈشۈك پۇتلىرىنى مايدىن ئاجرىتىپتۇ ۋە قاتتىق غەزەپكە تولۇپ چاشقانلاردىن ئىنتىقام ئالماقچى بولۇپتۇ.

لېكىن، مۈشۈكنىڭ بويىنىدا قوڭغۇراق بولغاچقا، ئۇ قەيەرگىلا بارسۇن، چاشقانلار ئۇنىڭ ئورنىنى بىلىۋالىدىكەن ـ دە، دەرھال ئۇنىڭدىن ئۆزىنى چەتكە ئالىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن مۈشۈك ھەرقانچە قىلىپمۇ چاشقانلاردىن قىساس ئالالماپتۇ. چاشقانلار قايتىدىن خۇشال ـ خۇرام تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

# ئىككى دەۋاگەر بىلەن ياغ ساتقۇچى

تۈزگۈچى: ئابدۇقادىر تۇرسۇن

پىلانلىغۇچى: ئەمىن كىتابچىلىقى
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەركىن ئالىم
مەسئۇل كوررېكتورى: زۆھرەگۇل سىدىق
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: خالمۇرات غۇلام
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى بۇلاقبېشى كوچىسى 196 ـ قورۇ
تور ئادرېسى: http://www.xjpsp.com
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
نەشرى: 2006 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2009 ـ يىل 6 ـ ئاي 2 ـ قېتىم بېسىلىشى
فورماتى: 787×1092 م م 1/24 كەسلەم 1 باسما تاۋاق
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-5372-4237-0
تىرازى: 1—5000
باھاسى: 5.00 يۈەن

تارقىتىش بۆلۈمى تېلېفون نومۇرى: 2823055 (0991) پوچتا نومۇرى: 830001

مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى : خالمۇرات غۇلام

- ئىككى دەۋاگەر بىلەن باغ ساتقۇچى
- تەمەخور
- مۈشۈك بىلەن چاشقان

ISBN 978-7-5372-4237-0

ISBN 978-7-5372-4237-0

（民文） 定价： 5.00 元